شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 3 - ئاي
31
سەيشەنبە
维吾尔文 3 月31日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W
新疆日报网: www.xjdaily.com

شينجياڭ گازەتى 新疆日报

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25017 - سان بۈگۈن 4 بەت

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش دائىملاشقان شارائىتتا ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرەيلى

□ **خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد ۋەزىيىتىدە يېڭى مۇھىم، زور ئۆزگىرىش بولماقتا، دۇنيا ئىقتىساد - سودىسىنىڭ ئېشىشى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، بولۇپمۇ كەسىپ زەنجىرىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى يېڭى خىرىسقا دۇچ كەلدى.

3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى تەتقىق قىلدى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي چىڭ تۇتۇش پەيتنى قولدىن بەرمەي ئىشلەش

تۈرلۈك ئامىللار بىلەن سۈرئەتكە كاپالەتلىك قىلىش، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش

— ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يېتىشنى ئالغا سىلجىتتى

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز**

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش ھەم بىر قىيىنلىق چوڭ جەڭ، ھەم بىر قىيىنلىق چوڭ سىناق. «جىددىي پەيتتە قەھرىمانلىق خىسلىتى نامايان بولىدۇ.» ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىدىغان، پەيتنى قولدىن بەرمەيدىغان غەيرەت - شىجائەت بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى، مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانى، ئۇنۇم كۆزلىمە نىشانىغا يېتىشنى ئالغا سىلجىتتى.

پارتىيە قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىك قىلىش دەل جايىدا كۈچەش

قورغان بەرپا قىلىپ، ئاۋانگارت بولۇش. ئالتاي ۋىلايىتى پارتىيە قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى پۇختا، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتتى.

ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم ئىشلىرى ئەزاسى يۈ شىمىڭ مۇنداق دېدى: «ئالتاي ۋىلايىتى ۋىلايەت، ناھىيە رەھبەرلىرى «بىرگە بىر» ھۆددىگە ئېلىش - ئالاقىلىشىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، كارخانىلارنىڭ خام ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ماددىي ئەشيالارنى زاپاس ساقلاش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئورنىغا قايتىش ۋە قەرز پۇل ئېلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، كۆلەمدىن يۇقىرى 137 كارخانىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە تۈرتكە بولدى. پارتىيىلىك كادىرلار، كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىرلار، دېھقان - چارۋىچى پارتىيە ئەزالىرى قاتارلىقلارنى سەپەرۋەر قىلىپ پىدائىي زەربىدارلار ئەترىتى تەشكىللەپ، دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىشى، يېزا ئىگىلىك ئەشيالىرىنى زاپاس ساقلىشىغا ياردەم بېرىپ، چارۋىچىلارنىڭ يايلاق كۆچۈش جەريانىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەشۋىقاتى قاتارلىقلارنى ياخشى ئىشلەپ، ئەتىياز پەسىللىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتتى».

كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى پۇختا، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، ئاۋات ناھىيەسى بىر نەپەر ناھىيە دەرىجىلىك رەھبەر، بىر نەپەر ناھىيەگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇننىڭ مەسئۇلى، بىر نەپەر تەۋەلىكنى باشقۇرىدىغان مەسئۇل كىشى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

«بىر ئاساس، ئىككى قوشۇمچە» ئۇرۇق سېلىش ئەندىزىسىنى كېڭەيتىش

جەنۇبىي شىنجاڭدا كېۋەز تېرىش ئارقا - ئارقىدىن باشلاندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ جىلى**، ئاقسۇ مۇخبىرلار پونكىتىدىن **لىيۇ خۇڭۋېن** خەۋەر قىلىدۇ: «يەر تېرىپ ياخشى ھوسۇل ئالىمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن ئىبارەت بۇ ھالقىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. بۇ يىل بىز چوڭ تېپتىكى سىيالكا بىلەن ئۇرۇق سالدۇق، ئىلغار ئۇۋۇلاپ تېرىش سىيالكىسى بىلەن بىر تال ئۇرۇقنى بىر تۆشۈككە دەل جايىدا سالدۇق، بۇنىڭدا بىر مو يەردىن 1.5 كىلوگرام چىگىت تېجەپ قالغىلى بولىدۇ، كۆزلۈك يىغىم مەزگىلىدە يىغۋېلىشقىمۇ قولايلىق» دېدى 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ گۈلئاۋات يېزىسى گۈلئاۋات كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى لىيۇ ۋېنمىڭ.

كۆپ يىل كېۋەز تېرىغان لىيۇ ۋېنمىڭ ئىلغار ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان ئۇرۇق سېلىش تېخنىكىسىغا ماسلىشىپ قالدى. بۇ يىل، گۈلئاۋات يېزىسى كېۋەز تېرىش سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇپ، زامانىۋى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مۇساپىسىگە ئۈنۈملۈك تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، كېۋەزنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ نەق مەيدان كۆرەك يىغىنىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇردى، دېھقانچىلىق تېخنىكىسى مۇتەخەسسىسلىرىنى ئېتىز باشلىرىغا بېرىپ، دېھقانلارغا ئۇرۇق سېلىش تەرتىپى، تويا يېيىش قېلىنلىقى ھەمدە يەر ئاغدۇرۇش،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىز بۇ يىل 2 مىليون مو ئورمان بەرپا قىلىشنى پىلانلىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **خېيى خوڭۋېينىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق خىزمىتى يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇپ، ئورمان، ئوتلاق تەرەققىيات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، 2 مىليون مو ئورمان بەرپا قىلىپ، 3 مىليون مودىن ئارتۇق قۇملاشقان يەرنى تۈزەشنى پىلانلىغان.

بۇ يىل ئاپتونوم رايون ئېتىز - ئېرىق ئېھاتە ئورمىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ۋە كەنتلەرنى كۆكەرتىش، گۈزەللەشتۈرۈشنى بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش، دۆلەت زېمىنىنى كۆكەرتىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، يەرلىك دەرەخ تۈرلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىپ، ھۆكۈمەت كۆچەت بىلەن تەمىنلەش، ئاممىنى كۆچەت تىكىشكە سەپەرۋەر قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. مېۋىلىك كۆچەتكە باب كەلسە مېۋىلىك كۆچەت تىكىش،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتناش باشقۇرۇش تارماقلىرى:

توققۇز تۈرلۈك تەدبىر ئاپتوموبىل كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچ قوشىدۇ

شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى مۇخبىرى **خەن جىن**، ئىختىيارىي مۇخبىر **جاڭ دۇەنخەي** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى قاتناش ساقچى باش ئەترىتى توققۇز تۈرلۈك تەدبىرنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭ ئىچىدىكى ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش كارخانىلىرىغا قولايلىق يارىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئاپتوموبىل كەسپىنىڭ سىجىل، ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا مەدەت بەردى.

ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى قاتناش ساقچى باش ئەترىتى شىنجاڭ ئىچىدىكى ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ سېتىش تور نۇقتىلىرىنى قۇرۇش ئەھۋالىغا ئاساسەن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇلازىمەت قىلىش، پۈتۈنلەي ئۆز ئىختىيارلىقىدا بولۇش پرىنسىپى بويىچە،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 15 - قېتىملىق يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 15 - قېتىملىق يىغىنى 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن شىنجاڭ خەلق سارىيىدا 1 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەردىن 50 كىشى يىغىنغا قاتناشتى، بۇ، قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 15 - قېتىملىق يىغىنىنىڭ قارالمىلىرى ماقۇللاندى. «ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى (دەسلەپكى لايىھە)»نى

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

شىنجاڭنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىدىكى ئەترەت ئەزالىرى ئامان - ئېسەن قايتىپ كەلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **جاۋ جيۈن، چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم 158 ئەترەت ئەزاسى بۇرچىنى تاماملاپ، ۋۇخەندىن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچى دىۋوپۇ خەلقئارا ئايروپورتىغا يېتىپ كەلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن ئايروپورتتا چىقىپ كۈتۈۋالدى،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىش

3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، ئاقسۇ شىنجۇ توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئىشچىلىرى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە ئالدىراش ئىشلىمەكتە. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئالدىنقى شەرتىدە، بۇ شىركەت ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتۇپ ئەسلىگە كەلتۈردى، نۆۋەتتە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 100% ئەسلىگە كەلدى. □ ياڭ شۇ فوتوسى

ئالتاي - كۆكتوقاي - شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىنىڭ ئالتاي - كۆكتوقاي بۆلىكىدە رېلىس ياتقۇزۇلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭباۋ**، ئىختىيارىي مۇخبىر **مۇ جيېپېڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى سائەت 11 دە، كۆكتوقاي ناھىيەسى ۋۇگىزالىغا يېقىن جايدىكى قۇرۇلۇش نەق مەيدانىدا، 25 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر گۇرۇپپا رېلىسنىڭ يول ئۇلىغا مۇقىم، توغرا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بىلەن ئالتاي - كۆكتوقاي - شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىنىڭ ئالتاي - كۆكتوقاي بۆلىكىگە رېلىس ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇميۈزلۈك باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

«بۇ يىل ئالتاي - كۆكتوقاي - شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىدا پۈتۈن لىنىيە بويىچە قاتناش باشلىنىدىغان ھالقىلىق يىل، تۈر بۆلۈمى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمەت تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى مۇددەتتىن بۇرۇن يېتەرلىك سېلىپ، تولۇق سېلىپ، ئاپتوموبىل + پويىز كۈچ ئۇلاپ توشۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنى تېزدىن ئىش ئورنىغا قايتىپ، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تەشكىللىدى». جۇڭگو تۆمۈريول 1 - ئىدارىسى

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

G219 لىنىيەسىنىڭ ئاقچى - سەككىزتاش تاشيول تۈرىدە ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭباۋ**، ئىختىيارىي مۇخبىر **ۋاڭ شىيېڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، G219 لىنىيەسىنىڭ ئاقچى - سەككىزتاش تاشيول قۇرۇلۇشى تۈرىدە ئىش ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، 2022 - يىلى پۈتكۈزۈپ قاتناش باشلاش پىلانلاندى.

«گەرچە ئىش ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى قىلچە بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ.» قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق قاتناش - ترانسپورت ئىدارىسى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، قاتناش - ترانسپورت ئىدارىسى

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۆلەمدىن يۇقىرى كارخانىلارنىڭ ھەممىسى ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ما يىننىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 2246 كۆلەمدىن يۇقىرى كارخانا (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) ئىچىدە پىلان بويىچە پەللىدىن چەتنەپ ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىتىلغان ۋە پەسىلنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىغان كارخانىلارنى چىقىرىۋەتكەندە، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك 2021 كارخانىنىڭ ھەممىسى ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ئادەم سانى 506 مىڭغا يېتىپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىشقا كېتىدىغان ئادەم سانىنىڭ 98.4%نى ئىگىلىگەن.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شىنجاڭ نامراتلىقنى كۆزىتىش، سىگنال بېرىش مېخانىزمى ئورناتتى

دەرىجىگە ئايرىپ ھەرىكەتچان ھالەتتە ياردەم بېرىش - يۆلەش ئارقىلىق قايتا نامراتلىشىپ كېتىش، نامراتلىشىشنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر **گۇەن چياۋچياۋ**) نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش ۋە يېڭى نامراتلىق يۈز بېرىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش چوڭ سانلىق مەلۇمات سۇپىسىغا تايىنىپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش، نامراتلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىش، سىگنال بېرىش ۋە ھەرىكەتچان ھالەتتە ياردەم بېرىش - يۆلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «قىزىل، قىزغۇچ سېرىق، سېرىق، يېشىل» تۆت خىل رەڭلىك سىگنال چىرىغى ئارقىلىق دەرىجىگە ئايرىپ سىگنال بېرىش، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا، كەنت بەش دەرىجە بويىچە دەرىجىگە ئايرىپ مەسئۇل بولۇشنى قوللىنىپ، مەسىلىلەرنى دەل ۋاقتىدا، دەل جايىدا بايقاپ، دەل ۋاقتىدا ھەرىكەتچان ھالەتتە ياردەم بېرىش - يۆلەشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ما يىلىڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى مۇقىم بولمىغان ئائىلىلەر، چەت - ياقىدا بولۇش سەۋەبىدىن ئاسان نامراتلىشىپ كېتىدىغان ئائىلىلەر ھەمدە يۇقۇم ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كىرىمى تېز ئازىيىپ كەتكەن ياكى چىقىمى تېز ئېشىپ كەتكەن ئائىلىلەرنىڭ كىرىمىنى كۆزىتىشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)